3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يېڭىدىن 7 مىليون 350 مىڭ موغا يېقىن سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىندى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىنى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، سۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئورمان كۆلىمىنى بېكىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دەرەخ تۈرى قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ئەلالاشتۇرۇپ، چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. 2016 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 7 مىليون 350 مىڭ موغا يېقىن سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىنىپ، بوستانلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى پائال ياخشىلىنىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېكولوگىيە ئاساسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، يېڭى كۆچەت تىكىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى پائال ئەسلىگە كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى، چوڭ تىپتىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان غول ئورمان بەلبېغى ۋە تەبىئىي چۆل ئورمىنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ ئورمان تۈرى، كۆپ بەلباغ شەكلى، دەرەخ ـ چاتقال ـ ئوت، تور ـ دائىرە ـ بەلباغ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر ئۈنۈمپەرسال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ئۇ گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق قوشنا ئۆلكىلەرنىڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئېكولوگىيە توسۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

«سۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئورمان كۆلىمىنى بېكىتىش» پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كۆلەمنىلا قوغلاشماي، مۇھىم نۇقتىنى سۈنئىي ئورمانلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتتى. «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىدىكى بەزى ئورمان بەلباغلىرىدا چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارىتا، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش، ئورمان يېتىشتۈرۈش، شالاڭلىتىش ـ زىچلاشتۇرۇش، چاتقالنى تەكشىلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جيەنمىڭ.

يېڭى كۆچەت تىكىشتە «مۇۋاپىق يەرگە مۇۋاپىق كۆچەت تىكىش» پرىنسىپى قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىتىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ياۋروپا دۇب دەرىخى، ئەرمۇدون، ئۈزۈن شاخلىق قارىياغاچ قاتارلىق يەرلىك دەرەخ تۈرلىرى ئاساسىي دەرەخ تۈرى قىلىنىپ، دەرەخ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشتەك ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى نامايان قىلدى.

كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئورمان بىلەن ئېكولوگىيە ئورمىنىنىڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاقسۇ كۆكيار رايونى ۋەكىللىكىدە، بىر تەرەپتىن تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىشنىڭ مۇۋاپىقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇلدى.

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ سانى سىجىل ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىرىك پىلانىنى تەشكىللەپ يولغا قويدى.

2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانى 135 مىڭ ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. 2018 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېغىر نامرات رايونلىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكى جەمئىي 210 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، دۆلەت شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، 2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىدە 350 مىڭ ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى.

تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە تېخىمۇ تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، «كەنت قۇرغان زاۋۇت»، «نامراتلارنى يۆلەش سېخى» بەرپا قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىغا يار ـ يۆلەك بولدى، كەسپ(سانائەت)لەر باغچە رايونلىرىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىچكىرى رايونلاردىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەر ۋە ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى 3 ـ كەسىپكە تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە يېتەكلىدى. 2019 ـ يىلى 3 ـ كەسىپ ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان كەسىپكە ئايلاندى، بارغانسېرى كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى شەھەر ـ بازارلارغا يۆتكەلدى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى پاختىكارلار سولياۋ يوپۇقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئاچقاندىن كېيىن ياكى ماشىنىلاشتۇرۇپ يىغىۋالغاندىن كېيىن، پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇپرىقىدىكى سولياۋ يوپۇقنىڭ يىللىق قالدۇق نىسبىتى يەنىلا 15% ئەتراپىدا بولغان. 2011 ـ يىلى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى يۈ شۇشۆن شىنجاڭدا يوپۇقسىز كېۋەز تېرىش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشلامچىلىق بىلەن بالدۇر پىشىدىغان، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان، شورغا چىداملىق يوپۇقسىز كېۋەز يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە نەتىجىلەرنى ئۆلگە كۆرسىتىش قاتارلىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان.

ئاكادېمىك يۈ شۇشۆن كوللېكتىپى يېتىشتۈرگەن يوپۇقسىز كېۋەز يېڭى سورتى «جۇڭ 619» نۆۋەتتە ئۆلگە كۆرسىتىش تەجرىبە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھەم شىنجاڭدا يوپۇقسىز كېۋەز تېرىشقا ماس كېلىدىغان كېۋەز يېڭى سورت سىستېمىسى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا يوپۇقسىز شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 120 كۈن، قىروۋ چۈشۈشتىن بۇرۇنقى چېچەكلەش نىسبىتى ≥95% بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلى 350 كىلوگرامغا يەتكەن.

«جۇڭ 619» كۆپ يىل ئېتىزدا سىناق قىلىنىش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىلىش ئارقىلىق، يۈرۈشلەشكەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى دەسلەپكى قەدەمدە پىشىپ يېتىلدى، بۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلگە كۆرسىتىشى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

بۇ يىل، تارىم داشۆسى ئۆسۈملۈك ئىلمى شۆيۈەنى «جۇڭ 619» كېۋەز سورتىنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىش ۋە يوپۇقسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كېۋەزنى يوپۇقسىز ئۆستۈرۈشتە «بىر قېتىم تېرىپلا تولۇق مايسا يېتىشتۈرۈش» ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېۋەزنىڭ سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇشتەك فىزىيولوگىيەلىك مېخانىزمىنى ئېچىپ بېرىپ، كېۋەزنى يوپۇقسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى نەزەرىيە ئاساسى ۋە تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ياڭاق سودا مەركىزىنىڭ ئايرىش سېخىدا، تاغدەك دۆۋىلەنگەن ياڭاقلارنىڭ پوستى سويۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئىشچىلار پوست ئايرىش ماشىنىسىدا پوستى سويۇلغان ياڭاقلارنى ئىلغاۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇمەريەم ئۆمەر ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دېدى: «ياڭاقنىڭ پوستى ئاساسلىقى ماشىنىدا سويۇلىدۇ، مەن پوستى تولۇق سويۇلمىغان ياڭاقلارنى ئىلغىساملا بولىدۇ، ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالالايمەن».

دېھقاندىن كەسپ ئىشچىسىغا ئايلانغان بۇمەريەم ئۆمەر مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ھازىر مەن پەقەت تىرىشىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئائىلەمدىكىلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشنىلا ئويلايمەن».

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ «ياڭاق ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىكنىڭ ياڭاق تېرىقچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە، ياڭاق شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىدىكى «ئالتۇن مېۋە»گە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇمەريەم ئۆمەرگە ئوخشاش ئىلگىرى ياڭاق ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ ئازغىنە كىرىم قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ دېھقان ھازىر كەسپ ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى.

نان شەھىرىدىكى يېڭى «ناۋايلار»

بۇلتۇر 12 ـ ئايدا دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» ئابدۇغېنى ھەمام ئىشىك ئالدىدا ئېچىلغان نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى.

تونۇرنىڭ ئالدىغا كەلسىلا، ئابدۇغېنى ھەمام خۇددى باشقا بىر كىشىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك، دەرھال «ناۋاي»غا ئايلىنىپ خىزمەتكە كىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇ خېمىرنى يۇمىلاق ئېچىپ، خۇددى «ئويمانلىق»قا ئوخشاش راسلانغان نان ئۈستىگە كۈنجۈت سەپتى، ئۇنىڭدىن كېيىن راسلانغان ناننىڭ كەينىگە ئازراق تۇز سۈيى چېچىپ، تونۇر قىزىپ 250 سېلسىيە گرادۇستىن 300 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەندىن كېيىن، تونۇرغا ئېڭىشكىنىچە، قولىنى تونۇرغا تىقىپ، راسلانغان نانلارنى تونۇرغا بىر ـ بىرلەپ ياقتى.

دەم ئېلىش ئارىلىقىدا، تونۇرغا يېقىلغان ئاپئاق نانلارنىڭ گىرۋەكلىرى تەدرىجىي قىزىرىشقا باشلىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نانلار ئاستا ـ ئاستا كۆپتى، بۇ چاغدا تونۇردىن چىققان مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى — نان پىشقانىدى.

تونۇرنىڭ قەلەي قاپقىقى ئېچىلدى، چۆرىسىدىن ئىچىگە قاراپ تەدرىجىي كۆپۈپ قىزىرىپ پىشقان نانلار كۆرۈندى، ئۇ ئىلمەك تۆمۈر بىلەن نانلارنى سۇيىدى، نانلار ئاستا ـ ئاستا ئۈستەل ئۈستىگە «تاغ»دەك دۆۋىلەندى.

ئىس ـ تۈتەك چىقىپ تۇرىدىغان توپا تونۇردىن زامانىۋى ئۆلچەملىك توك ـ گاز تونۇرغىچە، ئابدۇغېنى ھەمامنىڭ گەرچە ئۇزاق يىللىق ناۋايلىق تەجرىبىسى بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى ناۋايلىق ھۈنىرى بۈگۈنكى كۈندىكى زاۋۇتلاشقان، ئاقما لىنىيەلىك مەشغۇلاتقا دۇچ كەلگەندە، سەل «كۆنەلمىگەندەك» قىلاتتى.

ئابدۇغېنى ھەمام مۇنداق دېدى: «دەسلەپكى چاغلاردا، تونۇرنىڭ ھارارىتىنى ئوبدان تەڭشىيەلمىدىم، توك بىلەن قىزىتىش ئوتۇن بىلەن قىزىتىشقا ئوخشىمايدىكەن، نانلار دائىم كۆيۈپ كېتەتتى، سۈپەتكە توشمايدىغان نان كۆپرەك چىقاتتى».

ياشلارنىڭ ئۆگىنىشى تېز، ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئابدۇغېنى ھەمامنىڭ شاگىرت تەربىيەلەيدىغان نان يېقىش ئۇستىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا بىر ئايمۇ ۋاقىت كەتمىدى.

ئابدۇغېنى ھەمام مۇنداق دېدى: «بىر ئايدا مۇقىم كىرىمىم 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ، يىل ئاخىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، كېلەر يىلى تىرىشىپ ئاپتوموبىل سېتىۋالىمەن».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پەيزاۋات ناھىيەسى نانچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ھازىر 50 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە نان يېقىشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغان.

«2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» مال تونۇشتۇرغۇچى «گۈلى»

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، توردا بىۋاستە كۆرسىتىش ئارقىلىق مال تونۇشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، 18 ياشلىق نۇرىمانگۈل تۇرسۇنجان كەنتتە ئاز ـ تولا نامى بار شەخسكە ئايلاندى.

نۇرىمانگۈل لوپ ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن سەككىز كىشى ئىچىدىن تاللىنىپ چىقىپ، ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپلەر باغچىسىدىكى «لولەنگۈل» كوللېكتىپىغا كىرىپ ئىشلىدى.

ئۇ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تور سۇپىسىدا نۆۋەتلىشىپ بىۋاستە كۆرسىتىپ، لوپ ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش ھەم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا مال ئەۋەتىش، سېتىش ئىدى.

لوپ ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن بەش نامرات ناھىيەنىڭ بىرى. بۇ جاي خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، شىئەندىن كەلگەن ئۈمەكنى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپلەر باغچىسىنىڭ تىجارىتىگە مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۈمەك مەسئۇلى گو رۇنزې مۇنداق تونۇشتۇردى: خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش جەريانىدا، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن ياشلارغا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىمىز. بۇ نۇرىمانگۈلگە ئوخشاش ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرگە پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپ، نۇرىمانگۈل كەسپىي ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە كۆرسىتىشكە ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پۇتۇڭخۇا مەشىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. نۇرىمانگۈل ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «4 ـ ئايدا بىۋاستە كۆرسىتىشنى باشلىغاندا، خىجىل بولغاچقا، بىز تېخى ئۆيگە مۆكۈۋېلىپ، پەردىنى يېپىۋالاتتۇق.» مۇخبىرلار زىيارەتكە كەلگەندە، ئۇ كامېرا ئالدىدا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندى ھەم شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قىزىلگۈل چېيىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە سۆزلەپ تونۇشتۇرۇۋاتقاندى، زالدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقانلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشكە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندى.

جۇغراپىيەلىك ئورۇننىڭ قولايسىزلىقى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا بولغان قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرالمىدى. «كىچىكىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، خوتەن شەھىرى مەن بېرىپ باققان ئەڭ چوڭ شەھەر.» نۇرىمانگۈل كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى: «لېكىن بىز ھازىر سېتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۇاڭجۇغىچە يېتىپ باردى.» ئورتاق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇ تۇرۇشلۇق كوللېكتىپنىڭ مال ئەۋەتىش مىقدارى ھازىر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 زاكاز ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دىققەتنى ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى پائال كېڭەيتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ كۈرەش قىلىش يولىدا، نۇرىمانگۈلگە ئوخشاش ياشلار تاشقى دۇنياغا قارىتا يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدى، شۇنداقلا «يېڭى تىرىكچىلىك يولى» بار بولدى، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە يۇرتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياشلىق كۈچىنى تەقدىم قىلماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)